

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى شىمگۇ رايونى جىنئەن كوچىسى كوچا باشقارمىسىنىڭ شىنرۇن مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەرگە ئۇلار بۇيرۇتقان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى



7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى ئېرداۋچياۋ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى كۆەنبېيشياڭ مەھەللىسىدە، پىدائىي ئەخمەت ئەلى ئاھالىلەرگە كۆكتات يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، چاچلىرى ۋە كۆز قوغداش ئەينىكى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتتى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى



7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى شىنمىن يولى كوچا باشقارمىسىنىڭ يىڭخې مەھەللىسىدىكى پىدائىي لىيۇ پېڭ (سولدا) ئوغلى بىلەن بىللە ئاھالىلەرگە كۆكتات يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

[ سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن ]

# يۇقۇمغا قارشى جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىدە چاقنىغان پىدائىيلار

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
جاۋ چۈنخۇا

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭدە ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى قەتئىي چىڭ ساقلىدى، يەنە پىدائىيلار شەخسىيەتسىز ئەجىر سىڭدۈردى، ئۇلار ئىللىقلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان.

بۇ تەر تۆكۈپ بەرپا قىلىنغان يول، شۇنداقلا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئۈمىد چېچىلغان يول. ئۇلار ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلەپ، نەچچە ئونمىڭ قەدەم مېڭىپ ئاھالىلەرگە كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشىكى ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بەردى؛ ئۇلار زېرىكمەي ـ تېرىكمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، جاپادىن قورقماي تازىلىدى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ ئورۇندۇقتا يۆلىنىپلا ئۇخلاپ قالغان ئاشۇ ھالىتى كىشىنى تەسىرلەندۈردى؛ پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش قىزىق لىنىيەسىنىڭ بىر تەرىپىدە، ئۇلار ئاغرىقلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلار قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئەندىشىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، كەسپىي بىلىملىرى ۋە باھار شامىلىدەك ئىللىق سۆزلىرى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىۋەتتى...

ــ ئۇلارنىڭ بىر ئورتاق ئىسمى بار، ئۇ بولسىمۇ پىدائىيلار.



7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى يىڭبىڭ يولى لۈجىن جيايۈەن ئولتۇراق رايونىدا ئاھالىلەرنىڭ توك كارتىسىغا توك قاچىلاپ بەرمەكتە. □ لىي رۇنفەن فوتوسى



7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) گاڭچېڭ تەۋەلىك رايونى كېپىڭ يولى شىمالىي مەھەللىسىدە، پىدائىي چۇ جۈن ئاھالىلەرگە يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلماقتا. □ دۇ يۈجېن فوتوسى




7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى سۈيچۈەن يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئاھالىلەر تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالەت نۇقتىسىدا، پىدائىي ما چياڭ ئاھالىلەرگە كۆكتاتلارنى تەقسىملەپ يەتكۈزمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى



7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى يەنئەن يولى تەۋەلىك رايونى جۇڭۋەن كوچىسى جەنۇبىي مەھەللىسىنىڭ جىنكۈن ئولتۇراق رايونىدا، داشۆ ئوقۇغۇچى پىدائىيسى سۇ شۈن (سولدا) ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئاھالىلەرگە قوغۇن تەقسىملەپ يەتكۈزمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)